# خىتتاي بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا نېمە قىلىش كېرەك؟

مۇھاجىرەتتە ياشايدىغان بارلىق ئۇيغۇر خەلقى بىزگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقان ئىرقچى، مۇستەملىكىچى خىتتايلارنىڭ تەھدىتى ۋە پاراكەندىچىلىكىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزنى شۇنداقلا بىزنى مېھماندوسلۇق بىلەن كۈتىۋالغان دۆلەتلەرنى، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى، قوللاش ۋە قوغداش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى، خەلقى، تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئېتقادى بىز ئۈچۈن مۇقەددەس ئامانەتتۇر. بىز بىر- بىرىمىزنى قوغداپ، كېيىنكى ئەۋلاتلارغا جاسارەت ۋە ئىززەت ئۈلگىسى يارىتىش ئارقىلىق بۇ ئامانەتنى ساقلىشىمىز كېرەك. ھەر بىرىمىزنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى ۋە مەسئۇلىيىتى بار. بۇ قىرغىنچىلىق بىز بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ئىنشائاللاھ.

خىتتاي بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغاندا ، تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىڭ:

1. ياخشى خاتىرە قالدۇرۇڭ! دۈشمەن ھەققىدە ئىمكانقەدەر تەپسىلاتلارغا ئېرىشىڭ , بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرەلەيسىز.
2. ئۇلارنىڭ قوللانغان تېخنىكىلىق ئۇچۇرلىرى قايسىلار؟ تېلېفۇن نومۇرى، ئېلخەت ئادرېسى، ئۈندىدار نومۇرى قاتارلىقلار...
3. ئۇلار قايسى ئىسىم ياكى ئىسىملارنى ئىشلىتىدۇ؟ قەيەرلىكتەك قىلىدۇ؟
4. ئۇلار سىز بىلەن قاچاندىن باشلاپ ئالاقە قىلىۋاتىدۇ؟
5. ئۇلارنى تونۇمسىز؟ ياكى ئۇلار ئائىلىڭىزدىكىلەرنى تونۇيمەن دەمدۇ؟
6. ئۇلار سىز بىلەن قانچىلىك ۋاقىتتا بىر ۋە قايسى ۋاقىتتا ئالاقىلىشىدۇ؟
7. ئۇلار قايسى تىللاردا سۆزلەۋاتىدۇ؟
8. ئۇلار يېقىنقى دۆلىتىڭىزدىكى ھاياتىڭىز ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىدۇ؟
9. ئۇلار قايسى ئۇچۇرلارنى ئىگەللىمەكچى؟ كىم ياكى نېمە توغرۇسىدا؟
10. ئۇلار سىزنى نىمە ئىش قىلدۇرماقچى؟
11. ئۇلار سىزگە بىۋاستە ياكى ۋەتەندىكى ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭىز ئارقىلىق تەھدىت سالدىمۇ؟
12. ئۇلار سىزگە پۇل ، مۇلازىمەت ياكى ئىقتىسادى قىممەتكە ئىگە بىر نەرسە بەردىمۇ؟

ئېسىڭىزدە بولسۇن ، ئۇلارنىڭ سىزگە سالغان بۇ پاراكەندىچىلىكلىرى ياكى تەھدىتلىرى، سىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە جىنايەت بولۇپ ھىسابلىنىدۇ، ھەتتا پارا بېرىشكە ئۇرۇنغاندىمۇ جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ. ئۇلار سىزدىن ياشاۋاتقان دۆلىتىڭىزدىكى ياكى باشقا جايلاردىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشنى، ياكى باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىششىنى تەلەپ قىلغاندا، جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ. يۇقارقى ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ، خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن، ھەقسىز ھالدا Protonmail دىن ئېلخەت ھىسابى ئېچىپ، ئاستىدىكى ئېلخەت ئادرېسى ئارقىلىق تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش مەركىزى بىلەن ئالاقىلىشىڭ، ياكى سىزگە مۇشۇ خەتنى يەتكۈزگەن كىشى بىلەن ئالاقە قىلىپ زىيارەت ئورۇنلاشتۇرۇڭ:

1. بىز سىزگە ياردەملىشىپ، ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك تارماقلىرىغا سۇنىدىغان كەسپى دوكىلات تەييارلاپ بېرىمىز ۋە خالىسىڭىز كىملىك ئۇچۇرلىرىڭىزنى مەخپى تۇتقان ئاساستا ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىڭىزغا ياردەم بېرىمىز. خىتتايلار ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى ، ئۇلارنىڭ ئۇنى بىلگۈسى بار ئەلۋەتتە.
2. ئەگەر خالىسىڭىز ، بىز سىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك مۇلازىمىتى بىلەن ھەمكارلىششىڭىزغا ياردەم قىلىمىز ، شۇندىلا بىز بىرلىكتە بۇ جىنايەتچىلەرگە قارشى تۇرالايمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئاخىرلاشتۇرالايمىز.
3. ئۆزىڭىزنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بىز بىرلىكتە بۇ تەھدىد ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز.

ئالاقىلىشىش ئېلخەت ئادرېسىمىز: info.ETRIC@proton.me

شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش مەركىزى